## ئامېرىكادا خەلقئارالىق ئىلمىي ساھادا تۈركىستاننىڭ
## ئارتقان ئەھمىيىتى:

بەيىنەلمىلەل يەنى خەلقئارالىق ئىلمىي ساھادا تۈركىستانغا بېرىلگەن ئەھمىيەت-
بارغانسېرى كۈچەيمەكتە. بولۇپمۇ ئۆتكەن ئون يىلدى بويان يانا مۇ توغرىسى -
ئافغانىستان بىلەن ئىران ۋە ئىراق ئۇرۇشى باشلانغاندىن بېرى شەرقىي ۋە غەربىي
تۈركىستان مەسىلىسى ۋە شۇنىڭدەك بۇ يەردە ياشىغۇچى تۈركىي ئىرقىغا مەنسۇپ -
بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆتمۈش تارىخى، تىلى ۋە مەدەنىيىتى دۇنيا جامائەتچىلىكى
نىڭ دىققەت نەزەرىنى ئۆزىگە تارتماقتا دۇر. خاس ئاۋروپا مەملىكەتلىرىدە بولسۇن
خاس ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىدا بولسۇن ئوتتۇرا ئاسىيا يەنى بولۇپ تۈركىستان خەلقىنىڭ
ئۆتمۈشىگە ۋە ھېلىقى ھازىرقى ھاياتى - تۇرمۇشلىرى ئىجتىمائىي پەن مۇتەخەسسىس
ئالىملىرىنى يانا مۇ چىقىراق قىزىقتۇرۇپ بۇ يولدا ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىش
بىلەن مەشغۇل قىلماقتا. مانا شۇ جۈملىدىن بۇ يىلنىڭ ئىچىدە دۇنيانىڭ بىر مۇنچە-
ئاتاقلىق ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا تۈرلۈك ئىسىم ۋە مەزمۇنلاردا ئاسىيادا تەرتىپلەنگەن
چوڭ ئىلمىي سېمىنار ۋە كونفرانسلار بولۇپ ئۆتتى. ۋە بۇ سېمىنار ۋە ئىلمىي-
كونفرانسلاردا تۈركىستاننىڭ ھەققىدە ئالىملار كۆپ دىققەت تېگىرلىك ۋە
قىممەتلىك مەلۇماتلارنى ئايدىڭلىققا چىقاردى. مانا شۇ جۈملىدىن ئۆتكەن يىلى 6 نچى
ئاينىڭ 19 زىدىن 25 شىگە ئىچىدە ئالتە كۈن سۈرگەن «خەلقئارالىق ئالتا-
يىستىك كونفرانس» نىڭ 30 نچى نۆۋەتلىك دائىمىي يىغىلىشى ~~بولۇپ ئۆتتى~~ ئامېرىكا
قوشما شتاتلىرىنىڭ بۇلۇمىنگتون (Bloomington) شەھىرىدىكى ئىندىيانا-
ئۇنىۋېرسىتېتى «Indiana University» دە بولۇپ ئۆتتى. ئۇندىن ئەۋۋەلقى
29 نچى نۆۋەتلىك يىغىلىشى تاشكەنتتە بولغان ئىدى. ھەر يىلى يانا شۇ 6 نچى
ئايلاردا بولىدىغان بۇ ئىلمىي كونفرانسقا دۇنيانىڭ داڭلىق مەشھۇر ئۇنىۋېرسىتې-
لىرىدىكى تىل ۋە تارىخشۇناس ئالىم، مۇتەخەسسىس ۋە يازغۇچىلار قاتنىشىدۇ.
ئارادىن 12 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئامېرىكاغا نۆۋەت كەلگەن بۇ «خەلقئارالىق
ئالتايىستىك[1] دائىمىي كونفرانسقا» دۇنيانىڭ تۈرلۈك مەملىكەتلىرىدىن كەلگەن-
55 دىن زىيادە ئالىم قاتناشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆپ ھولۇكنى تەشكىل-
ئەتكەن كىشىلەر، باشتا: ئاقش (ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى) دىن بولۇپ بۇندىن قالسا
سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىدىن، تۈركىيە، گېرمانىيە، ۋېنگرىيە
تاشقى موڭغۇلىستان، ئەنگىلىيە، فرانسىيە ۋە كانادا قاتارلىق مەملىكەتلەردىن كەلگەنلەر

ئەسكەرتىش: [illegible]

---

[1] ئالتايىستىك ياكى ئالتايىك: نېگىزدە تۈرك تىلىغا يېقىن تىل تارماقلىرىنى كۆزدە تۇتىدۇ!

بوكونفرانسقا ئامىريكانىڭ مەشھور ئونىۋەرسىتەلەرىدىن ئون سەككىز ئالىم قاتناشتى
بولەر ئوتتورا ئاسىيا يەنى بيۇك توركستان تورك لەرى نىڭ قەدىمقى مەدەنىيەتى، تىل ۋە
تارىخى ۋە شونىڭدەك بولەرنىڭ ئىسلامىيەتنى قبول ئەتكەنلەرىدىن كىين بولغان
ئوزگورۇش ۋە مونا سىۋەتلەرى توستىدە ئوزلەرى نىڭ ئىلمى تەھقىقات نەتىجە
لەرىنى ئوقوليدى. سەۋيلەرى شتغا قىلدى كەلگەن ئاليم لەرى ئيچيدە ئوزبەك
قازاق ۋە ئويغور تىل - تارىخ شوناس ئالىم لەرى بار ئىدى. بولەرنىڭ باشىدا س س
س ر - ئوزبەكىستان پەنلەر ئاكادىمىيەسى قارماغىدىكى تاشكەنت تىل ۋە ئەدە
بىيات ئىنىستىتوتى نىڭ باشلىقى پروفىسور بەختىيار نازاروف بىلەن س س س ر .
موسكوۋا پەنلەر ئاكادىمىيەسى نىڭ تىل شوناسلىق ئىنىستىتوتىدىن فىلولوگىيە پەنلە
رى نىڭ بشقەدەم ئوستازى پروفىسور دوختور كىيكەش باى موسايوف ۋە
پروفىسور تەنىشەۋ، پروفىسور ۋاسىلوف ۋە ئە. دە. مىتىرىيوف لەر بار ئىدى.
تاشكەنت تىل ۋە ئەدەبىيات ئىنىستىتوتى نىڭ دىرەكتورى پروفىسور بەختىيار
نازاروف «قوتادغو بىلىك توركچە سوزلىشىدىغان خلق لەرنىڭ ئەدەبىياتى يەنى
گوزەل ئوتۇشونچە ئىفادەلەرى نىڭ ئەڭ دەسلاپقى دەلىل - ئىسپاتىدۇر!» دىگەن
مەۋزۇ ئاستىدا ئىلمى تەحقىقات نەتىجەسىنى تقدىم ئەتتى. پروفىسور بەختىيار -
نازاروف ئوز ئىنىڭ 15 ساھىفەلىك بو ئىلمى مەروزەسىدە قوتادقو بىلىك نى تەرتىپلەن
شوندا غدىدىكى: «توركچە تىلدا سوزلىشىدىغان خلق لەرنىڭ بوروننقى مىللى مەدەنىيەت
ئورپ - ئادەت، ئىجتماعى ھىيات ۋە تۇرمۇش لەرىنى ھازىرقى نەسىل لەرنىڭ كوز -
ئالدىدا جانلاندۇرۇپ، ئولەرنىڭ ئىشدا قورولۇش پرىنسىپ لەرىدىن تولوق معلوماتلەر
بەرگەن، قولاقدى قولاق تۆلۈپ ئىمەس ئوشودەۋردە يەزىپ قالدۇرولغان بو-
يۈك قاموس قوتادغو بىلىك، شو دەۋردىكى موجود مىللى مەدەنىيە تىمىزنىڭ جانلىق
پوگوۋىسى ۋە ئونىڭ ئەنىق دەلىل ۋە ئىسپاتىدۇر. سامانىلەر - ئىمپرا توروليقى نىڭ
چوكوشى بىلەن تيكلەنگەن ۋە 9 نچى ئەسىردىن باشلاپ تا 13 نچى ئەسىرگىچە ليك غەر
بى توركستان بىلەن شەرقى توركستاندا حوكوم سورگەن قاراخانىلەر ئىمپرا تورلوقى
دەۋرىدە ئوتتورا غا چىققان يەنى شودەۋردىكى ھىيات تورموشى ۋە مەدەنىيەتنى جان
لاندورغان «قوتادغو بىلىك» تورك تىلى نىڭ ھابىچىلىمەس ئىنىك قىممەتلىك بولىقى.
دەۋرى بىلەسلغونىدە (بالاساغون)[1] بىلەن قەشقەرنى پايتەخت قلغان قاراخانىلەر رسولا
ليسى ئوزتە ۋە سىدە شو دەۋرنىڭ ئىنىك يوكسەك مەدەنىيەتنى دونياغا يايغان پ-
جاغدا «قوتادغو بىلىك» دەستانى قەشقەردە يىزىلىپ مەيدانغا چىقدى! دىدى.

---

(1) بالاساغون شەھرى نىڭ ئورنى ھازىرقى سوۋىت قىرغىزىستانى توقماق داۋنى نىڭ شرقى مەنوبىغا چۈشىدو!

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئىجتىمائىي ھەق ۋە ئادالەت توغرىسىدا بولدىغى تونۇر توردىل

بورون يازغانلىرىنى دۇنيا نىڭ ئەدەبىيات سەنئىتىدە ۋە ئىجتىمائىي تورمۇشتا ئالغا سۈرۈلگەن نىڭ يۈكسەك ئىنسانىي پەزىلەت ۋە گۈزەل ئەخلاق ئىنغا دېسى بولغانلىقى ئەيتقان پروفېسسور بەختىيار نازاروف، يۇسۇف خاس ھاجىپ قۇتادغۇبىلىك دە ھەق ۋە ئادالەتنى كۈن نۇرىغا ئوخشاتىدۇ! ۋە ھەق ۋە ئادالەتتىن مەھرۇم قالغان پىر مىللەت قۇياشسىز پەرزىلمەت يەنى قاراڭغۇلۇقتا قالغان بىلەن ئوخشاشتۇر! دېگەن مىسرالىرىنى مىسال كەلتۈرۈپ ئۆتىدۇ! ۋە ئۇنى ئۈستۈن باھالايدۇ! بولۇپمۇ ئول: بۇ ئۇلۇغ دەستان «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ 9 ئىنچى ئەسىر بىلەن 13 ئىنچى ئەسىر ئاراسىدا تۈرك يۈز يىل ②شەرقىي تۈركىستان بىلەن غەربىي تۈركىستان زېمىنىدە مەڭگۈ سۈرگەن؟ قاراخانلىلەرنىڭ بۈيۈك ئىمپېرىيىتورلىقى دەۋرىدە، بۇ ئىمپېرىيا تورلۇقنىڭ پايتەختى قەشقەردە يەزىلىپ مەيدانغا كەلگەنلىكىگە ئالاھىدە ئىشارەت قىلىپ ئۆتتى. پروفېسسور بەختىيار نازاروف بۇ مەروزەسىنى تەقدىم قىلغان چاغدا، قۇتادغۇبىلىك دىن مىسال كەلتۈرگەن مىسرالىرنى ئۆزى ئەسلى بىلەن ئۆزبەك - چاغاتاي تۈركچەسى بىلەن ئوقىدى ۋە بۇنىڭ ئەنگلىسچە تەرجىمەسىنى بۇ يەردىكى ئىندىيانا ئۇنىۋېرسىتېتىدە، تۈركولوگىيە ساھاسىدا ئوقۇغۇچى ئامېرىكالىق تەلەبە ئوقۇپ بەردى. «خەلق ئارا ئالتائىستىك كونفرانس» قاتناشىلغۇچى ئاتاقلىق تۈرك شۇناس - تىل - تارىخ ۋە ئەدەبىيات ئالىملىرىنىڭ ئابرىيىمچە دىققەت نەزەرىنى ئۆزىگە جەلب ئەتكەن بۇ ئىلمى مەروزە بۇ كونفرانس سەمىنارىدا ئۈستۈن باھالاندى. ③.

——— ھۆرمەتلىك يۇرتداش ۋە كىتاپخانلار: ———

ئورنىكەلگەندە شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈشنى پەمىللى ۋە زىپە دەپ بىلىمەن ئۇيغۇر تۈركلەرنىڭ 11 ئىنچى ئەسىردە ياشىغان بۈيۈك مۇتەپەككۇرى ۋە دۇنيا تىل تارىخ ۋە ئەدەبىيات بىلەرنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى ھەيران قالدۇرغان دانىشمەن شائىرى يۇسۇپ خاس ھاجىپ نىڭ ئولمەس ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك» 1984 - يىل - 5 - ئايدا پىرىنچى قېتىم بولۇپ «شەرقىي تۈركىستان / شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى - مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىنستىتوتى تەرىپىدىن تەييارلاندى ۋە مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى ۋە بۇ ئەسەر ئىيانا شۇ تارىخدا بەيجىن دەھم نەشر ئەتىلدى. ئۇيغۇر تۈركلەرنىڭ ئەسىل ئانا ماكانى شەرقىي تۈركىستاندا بۇ تارىخى قىممەتلىك ئەسەرنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تۈركچەسىدە قەلەمگە ئېلىنىپ ئەسلى بىلەن

---

② پروفېسسور بەختىيار نازاروف: «شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستان!» دېگەن تارىخى ئىسمنى ئىشلەتتى..

③ بەختىيار نازاروف نىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ھەققىدىكى مەروزەسى ئەنگلىزچە تىلدە مەجمۇ ئەمىز نىڭ بۇسانىدا نەشر ئەتىلگەندۇر!؟...

بىرلىكتە نەشىردىن چىقىشى ۋە يېڭى نەشىرلەرگە تەقدىم ئەتىلىشى تەقدىرگە لايىق بولۇپ بىر مىللىي خىزمەتنىڭ ئەلا دەرىجىلىك نەمۇنىسى بولدى. 1,380 سەھىپىلىك بۇ چوڭ ـ ئەسەرنىڭ «مۇقەددىمە» سىدە: «ئۇيغۇرلار، ئۇزۇن تارىختا، مول مەدەنىيەتكە ۋە قىممەتلىك مەدەنىي مىراسلارغا ئىگە قەدىمىي بىر مىللەتتۇر! بوستان يەنى ـ «قوتادغۇبىلىك» ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 ـ ئەسىردە ياشىغان بۈيۈك مۇتەپەككۇرى ۋە دانىشمەن شائىرى يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆلمەس ئەسىرىدۇر، دەپ تەقدىم ئەتىلىدۇ. بۇ ئەسەردە كىتاپنىڭ نامى ھەققىدە شۇنداغ دېيىلگەن:

كىتاپ نامى قويدۇم قوتادغۇبىلىك، (350)
قوتاتسۇن ئوقۇغۇچىغا تۇتسۇن ئېلىگ

سۆزۈم سۆزلىدىم مەن، پۈتتىم بىتىك (351)
سۇنۇپ ئىككى دۇنيانى تۇتسۇن ئېلىگ

كىشى تۇتسا بەخت بىرلە ئىككى جاھان (352)
بەختلىك بولۇر بۇ سۆزۈم چىن ھامان

بۇكۈن تۇغدى ئېلىگنى قىلدىم سۆز بېشى (353)
ئىزاھلاي بۇنى ھەم، ئەي ياخشى كىشى!

دەپ «قوتادغۇبىلىك» دە خىتاب ئەتىلگەندۇر.

---

ئامېرىكانىڭ بولومىنگتون شەھىرىدىكى ئىندىيانا ئۇنىۋېرسىتېتىدە بولۇپ ئۆتكەن ~~30 ـ نۇۋەتلىك~~ «ھەلىقئارا ئالتائىستىك كونفېرانس» نىڭ 30 ـ نۇۋەتلىك يىغىلىشىغا تۈركىيەدىن، ئاتاتۈرك ئاراشتۇرما مەركىزىنىڭ رەئىسى پروفېسسور ئۇقتان ~~قو~~ قوجاتۈرك، ئىزمىر دوقۇز ئەيلۇل ئۇنىۋېرسىتېتى ـ تىل ـ ئەدەبىيات ئۇستازى پروفېسسور فىكرەت تۈركمەن ۋە ئانقارا تۈرك تىل قورۇمى پروفېسسورلىرىدىن ھامزە زۇلفىقار ئەپەندىلەر كېلىپ ئىشتىراك ئەتتى ۋە قىممەتلىك مەرۇزەلەرى بىلەن غەرب ئالىملەرىنىڭ دىققەتلەرىنى چەكتى.

تاشقى موڭغۇلىستاندىن باشقا خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ~~دىن~~ نامىدىن تەمسىلچى بولۇپ قەتىلغانلەر ئاراسىدا ئۈرۈمچى ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن ئاقىشغا كېلىپ ھوروارد ئۇنىۋېرسىتېتىدە دوختۇراسىنى تاماملاشقا ئالدىرا تۇرغان قاھار باراتان قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ كونا يېزىلمىلەرى ھەققىدە، ھەممەنىڭ دىققەت نەزەرىنى ئۆزىگە جەلب ئەتكەن يېڭى كەشپىيات ۋە ئىلمى تەھقىقاتلارنى ئاساسىدىكى مەرۇزەسىنى تەقدىم ئەتتى ۋە كۆپچىلىك ئالىملەرنىڭ تەقدىر ۋە ئالقىشىغا ئىگە بولدى

ئامېرىكانىڭ بولو مىنگتون شەھىرىدىكى ئىندىيانا ئۇنىۋېرسىتېتىدا توپلانغان دۇنيانىڭ
تىل - تارىخشۇناسلىق دەبىيات ئالىملىرى قايسى تىللەرنىڭ «ئالتاي تىلى»، يەنى تۈرك
تىلىنىڭ ئاساسى غولىغا باغلىق بىر شاخچىسى بولۇپ بولمىغانلىقى يانا مۇ تۇچۇغلار ئىتتىپاقىدا
قايسى تىل تارماقلىرىنىڭ ئالتاي تىلى قاتارىدا سانىلىپ، ياكى سانالمايدىغانلىقى
ھەققىدىكى ئىلمى تەتقىقاتلىرىنىڭ نەتىجىلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە بوتونجى يىدا -
موزاكىرە يۈرگۈزۈپ، پىكىر ئالماشتۇردى. بۇ ئىلمى ژىغىنغا قاتناشقۇچى ئالىملار، بولوپمۇ
«ئىچكى ئوتتۇرا ئاسىيا» دەپ ئاتىغان غەربى تۈركىستان يەنى بۇ كۈنكى سەھ ۋە ستا-
ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى بىلەن بىللە شەرقى تۈركىستاندا ياشىغۇچى تۈركى
ئۇرۇقىغا مەنسۇپ بولغان ئۇيغۇر، ئۆزبەك، قازاق، قىرغىز، تۈركمەن، ~~[illegible]~~ ۋە تا-
~~[illegible]~~ تارلەر كىبى تىل، تارىخ ۋە مىللى مەدەنىيەتلەرى ئەسلىدە بىر بولغان تۈرك
مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۇلەرگە قوشنا بولغان ئۆزگە مىللەتلەرگە تىل جەھەتتىن قانداقلىق
ئالاقە ۋە مۇناسىۋەتلىرىنىڭ بولغانلىقىنى مەسىلە ركە لتورۇپ ئۆزئارا تارتىشتى. تىل مەنبەئە
قانالىرى ئەسلىدە بىر بولغان بۈيۈك تۈركىستان ④ بىلەن تۈركىيەنىڭ تەلەپپۇز ۋە لەھجە
فەرقىدىن زىيادە بۇ تۈرك تىلىنىڭ شاخچە ۋە تارماقلىرى سوپەتىدە تا موڭغۇلىستان
دىن باشلاپ ~~تىبەت ۋە ئوتتۇرا شەرققىچە~~ سىبىرىيە، ياپونىيە، كورىيە، تىبەت.
ۋە ئوتتۇرا شەرققىچە يېيىلغان مىللەتلەرنىڭ تىل ئاساسلىرى ئۈستىدە ئىلمى
موزاكىرە ۋە مولاھىزەلەر بولدى. تىل ئاساسلىرىنى يەنى بىر كەلىمەنىڭ كېلىپ چىقىش يىلتىزى
نى ئەنىقلاپ چىقىش ۋە ئۇنىڭ ئالتاي تىلى قاتارىغا كىرىپ كىرمەيدىغانلىقىغا ~~ئادىل~~ توغرى
باھا بېرىش ئۈچۈن كومپيۇتېر يەنى بېلگى سايار (ئەلېكترونلۇق ھېسابلىغۇچ) نىڭ
ئىشقا سېلىنىشى ۋە بۇنىڭ پايدىلىنىش نەتىجىلىرى كۆزدىن كەچۈرۈلدى. مەسىلەن: GDR
يەنى گېرمانىيە دېموكراتىك رېسپۇبلىكاسىنىڭ بېرلىن - ھومبولت ئۇنىۋېرسىتېتى دىن
كەلگەن پروفېسسور ۋىتزە «قەدىمكى كونا تۈرك سۆزلەرىنىڭ كومپيۇتېر-
بېلگى سانارغا قەيد ئەتىلىشى ھەققىدە» بەرگەن مەلۇمات ۋە ئالغا سۈرگەن تەكلىف
لەرى كومپيۇتېرنىڭ دەقىقەتىنى ئۆزگىچە تارتتى. ئەمما تىل ھەققىدە بۇ جانسىز
ماشىنىغا باغلىنىپ قېلىشنىڭ ناتوغرى - يەنىلىش چوكولەرگە ئېلىپ كېلىشنىڭ مۇمكىن
چىلىكىگە موزاكىرە ئاخىرىدا كومپيۇتېر ئالىملىرى تەرىپىدىن قوبۇل ئەتىلدى ۋە بۇنىڭ -
دەقىقەت نەزەرىدە تۇتۇلىشى توۋسىيە ئەتىلدى.
«خەلقئارا ئالتايىستىك كونفرانسىنىڭ 30 نچى ژىللىق دائىمى ژىغىلىشى» دا موڭغۇلشۇناس
لىقى بىلەن تونولغان ھېلسىنكى ئۇنىۋېرسىتېتى پروفېسسورى ئالتو - پەنتتى (Aalto Pentti)

---

④ بۈيۈك تۈركىستان دېگەندە شەرقى ۋە ھەم غەربى تۈركىستان نەزەردە تۇتولغاندۇر!

ئالتۇن مېداليا بىلەن تىشانلاندى . ۋە بۇ يىغىندا خەلق ئارالىق ئالتايىستىك دائىمىي كون
فرانسى » نىڭ بۇ رۇنقى رەئىسى ۋە ئىندىيانا ئۇنىۋېرسىتېتى تىل - تارىخ پرو-
فىسورى دېنىس سىنور (Denis Sinor) يانا كۆپچىلىك ئاۋاز بىلەن بۇ -
ئىلمى تەشكىلات نىڭ جېنرال سېكرېتارى يەنى باش كاتىپى بولۇپ سايلاندى .
شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىلمى يىغىن ئاخىرلاشقان ئىدى . بۇ ئارادا ئۆزئارا موزاكىرەلەردى-
كى مەسئۇل ئىدارە تەزالىرى 1988 - يىلى 6 - ئاينىڭ 13 - دى باشلاپ 19 - زى
غىچەلىك بىر ھەپتە سوزۇلىدىغان 31 - نچى نۆۋەتلىك پېرمانېنتل يەنى خەلق
ئارالىق ئالتايىستىك دائىمىي يىغىنى نىڭ شەرقى گېرمانىيا يەنى گېرمانىيا دېموكراتىك
رېسپوبلىكاسى نىڭ ۋايمەر (Weimer) شەھرىدە ئۆتكۈزۈلىشىگە ئىتتىپاق
بىلەن قارار بەردى . ۋە بۇ يىلقى 1987 كونفرانسقا قاتناشقۇچىلەرنىڭ -
ھەممەسى كەلگۈسى يىغىنى ئۈچۈن ۋايمەر شەھرىگە دەۋەت ئېتىلدى .
ئاقشى نىڭ ئىندىيانا ئۇنىۋېرسىتېتى تۈركولوگىيە مەيدانىدا تونۇلغان مەشھۇر بىر ئۇنىۋېرسىتې-
بولۇپ بۇيەردە دۇنيانىڭ تۆرت بۇلۇڭ بۇجمىقىدىن كەلگەن 45 مىللەتتىن زىيادە -
تەلەبەلەر ئوقۇيدۇ . تىل تارىخ بولۇمىدە بولسا - ئىجتىمائى قەتلەر قىسمىدا ئەڭ
ئالدىنقى دەرىجىلىك ئوقۇيدىغان موڭغۇللار ، تىبەتلىكلەر ۋە ئۇندىن قالسا تۈركى ئىرقىغا
مەنسۇپ بولغان ۋە ياكى بۇلارنىڭ تىل تارىخى ۋە ئەدەبىياتى ئۆستىدە موتەخەس-
سىس بولۇپ چىقىش ئۈچۈن ئوقۇيدىغان ئۆزگە مىللەت مەنسۇبلىرى كۆپ ئورۇن ئى-
ئىگەلەيدۇ . بۇ ئۇنىۋېرسىتېتتە موڭغۇللارنىڭ ئالاھىدە ئۆزلىرىگە مەخسۇس-
قىرائەتخانا ۋە ئىلمى تەشكىلاتلىرى بار . يەنە بۇ ئۇنىۋېرسىتېت شەھرىدە -
تىبەتلىكلەر ، دالاي لاما يېتەكچىلىكى ئاستىدا چوڭ بىر موستەقىل ئىلمى مەركەز
بىناسى ئىنشا قىلىپ شۇ يەردە چوڭ مۇراسىم بىلەن خەلققە ئاچتى .
ئالتايىستىك ئىلمى تەتقىقاتلەردىن ئامېرىكانىڭ مەسەلەن : نيويورك ، كالىفورنىيا ، ئىندىيانا
مەساچوسەت ، فىلورىدا مىيامى ۋە ۋاشىنگتون قاتارلىق مەشھۇر ۋىلايەت ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدە
دەسلاپ قىلىپ ئۆزبەكچە ۋە ئۇيغۇرچە تىل - ئىملا قائىدىلىرىنى ئۆگىنىشى ئۈچۈن
باشلانغان تىزىقىش باردانسىرى كۆچىيىپ ئارتماقتا . مەسەلەن نيويورك كولومبيا
ئۇنىۋېرسىتېتى دە ھازىر ئۆزبەكچە ۋە ئۇيغۇرچە تىل دەرسى ئالغۇچى ئامېرىكالىق تەلەبە-
لەرنىڭ سانى 25 - دىن ئاشتى . بۇندىن ئوچ تۆرت يىل بۇرۇن بۇ بولۇم نىڭ ئاران 5
6 ئوقۇغۇچىسى بار ئىدى . بۇ ئوقۇغۇچىلار تىل - ئەدەبىيات ۋە تارىخ ئۆستىدە ئوقۇپ
دوكتور ۋە پروفېسسور ئۇنۋانلىرىنى ئالىدۇ . ۋە بۇ ساھادا موتەخەسسىس بولۇپ چىقىدۇ .
دېمەككى خەلق ئارا ئىلمى ساھادا - بۈيۈك تۈركىستان ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائى ھاياتىغا بە-
رىلگەن ئەھمىيەت كۈن سانا ئارتماقتا دۇر . ۋە ئارتىشى ئۈچۈن ھازىر ئامەتلىك ئىشارەت
لەر مەۋجۇت دۇر !

—— تامام ——

Ghulamuddin Pakhta
1469 Mark Dr. E. Meadow
New York, (USA) 11554

1988-1-24

شىنجاڭ تاشقى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەمئىيىتى:

ھۆرمەتلىك رەئىس، مۇئاۋىن، باش كاتىپ ۋە ھەممە مەسئۇل ئەزالىرىگە:

ئەۋۋەلا ھۆرمەت بىلەن سالام لەۋىمنى سۇنغاچ يېڭى قۇرۇلغان جەمئىيەت ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى ئۈچۈن سەمىمىي تىلەكداشلىقىمنى ئىزھار قىلىپ ئۆتىمەن.

يۇرتىمىزدا يېڭىدىن يورۇقلۇققا چىققان بەزى بىر كىتاب ۋە ژۇرناللارنى ئوقۇغان چاغدا ئۇنىڭدىكى «كىتابخانلارنىڭ تەنقىدىي پىكىرى ۋە تەكلىپلىرىنى بېرىشنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمىز..!» دەپ بىلدۈرۈلگەن تەلەپلەرگە شايان سەتىرلەردىن ئىلھام ئېلىپ بۇ خەتنى توغرىدىن توغرى ھەربىرلىرىگە خىتاب بىلەن يېزىشقا جاسارەت قىلدىم. ۋە تۆۋەندىكى شۇ مۇھىم بىر سوئالنى ھەربىرلىرى باشلىق مەسئۇل كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى نەزىرىنى چېكىپ بۇ تەۋەلىدىكى ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇشنى لازىم تاپتىم.

ھەممىلىرىگە مەلۇم بولغىنىدەك بولۇپمۇ ئامېرىكادا ئىلمىي ساھادا يۇرتىمىزغا ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي يەرلىك مۇسۇلمان تۈرك خەلقىگە بولغان ئەھمىيەت بارغانسىرى ئۆسۈپ كۈچەيمەكتەدۇر. ئامېرىكانىڭ بەزى بىر داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدە ئۇيغۇرچە، ئۆزبېكچە ۋە قازاقچە - تاجىكچە دەرسلەر ئالاقاچان باشلانغان ئىدى. ئومۇمەن بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈركىي ئىرقىغا مەنسۇپ مۇسۇلمان مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق مىللىي تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى، سەنئىتىنى، ئۆرپ - ئادەت ۋە تىل - ئىملا پەنلىرىنى ئۆگىنىپ ئۇنى ئىلمىي جەھەتتىن تەتقىق قىلىش ئىنقىلابى مەقسىتى يولىدا ھەرتەرەپتە ئىلمىي ژۇرنال ۋە مەقالىلار چوڭ قۇرۇلتايلار ئېچىلىپ تۇرماقتا. شۇ جۈملىدىن ئۆتكەن يىلى بولغىنىدەك بۇ يىلمۇ ئاقش (ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى)نىڭ داڭلىق ئىلىم مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ تونۇلغان بلومىنگتون شەھىرىدىكى ئىندىيانا ئۇنىۋېرسىتېتى تەرىپىدىن تەرتىپلەنگەن ۋە شۇ ئالدىمىزدىكى 4 نى ئاينىڭ 27 سىدىن باشلاپ 4 كۈن داۋام قىلىدىغان دە خەلقئارالىق ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۆگىنىش ئىلمىي تەتقىقات مەركىزى"نىڭ چوڭ يىغىنىغا ئۆلكەمىزدىن كېلىپ قاتنىشىشى ۋە بۇ يەردە ئۆلكەمىزنىڭ مىللىي ۋە تارىخىي مەدەنىيىتى ھەققىدە مەرۇزە ۋە ئىلمىي نەزەرىيەسىنى تەقدىم قىلىشى ئۈچۈن پىشقەدەم

...Fakhia
1469 Mark Dr. E. Meadow
New York, (USA) 11554



يىل - تارىخشۇناس ئالىم، ئەدىب ۋە يازغۇچىلىرىمىزنى نەزەردە تۇتقان ھالدا! ئالتە كىشىلىك
بىر دەۋەتنامە يېزىپ تەييارلىغان ئىدى. بېيجىڭ ئازسانلىق مىللەتلەر ئىنستىتوتى تەرىپىدىن
كۆرسىتىلگەن 6 كىشىنىڭ ئىچىدە بىرمۇ يەرلىك مىللەت ۋەكىلى بولمىغانلىقىنىڭ ئۈستى
گە ئۆتكەن زىيالىي كىبى بۇ كۆرسىتىلگەن نامزاتلارنىڭ خەلقئارالىق ئىلمى سەھنە
دە ئىسمى يوق تېخى تونۇلمىغان يانا مۇ ئوچۇراقى ئوتتۇرا ئاسىيا ئىلمى كونفرانسىدا!
ئۆلكىمىزنىڭ يەرلىك مىللەتلەر تىلىنى مۇكەممەل بىلىپ ئۇلارنىڭ سىلىلى مەدەنىيەت
ۋە تارىخى ئۈستىدە قوزغالىدىغان سوئاللارغا جاۋاب بېرەلەيدىغان مۇتەخەسسىس
لەرگە ئېگە كىشى ئىسمى سىلىكىگە بۇ يېزىپ تىلگەن دەۋەتنامىنىڭ كۆزدە تۇتقان ئاساسى غايە
ۋە پرىنسىپلارىغا توغرى كەلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن بۇ نۆۋەت ھەم بۇ 6 كىشىلىك دە
ۋەتنامىدىكى ھېچ كىشى پايدىلىنىشقا مايدىغاندەك تۇرىدۇ! يانا مۇ ئىنقىلاب ئەتىقادى
«ساغامو يوق ماغامو يوق!...» دېگەندەك يانا بىزنىڭ زەرەرلىك مەقسىدىغان
لىقىمىز مەلۇم بولۇۋاتىدۇ. ئاساسى زەرەرلىك زىيان بۇنىڭ بىلەن تىلامچە كەلمەيدۇ
مەخپى بۇ ئەھۋال يانا شۇنداق داۋام قىلىۋەرسە، خەلقئارالىق ئىلمى كونفرانسىلارغا
يەرلىك مىللەت ۋەكىللىرىدىن بولۇپ ئوتتۇرا ئاسىيا ئىسمى زىكرى ئەتىلگەن ئىلمى
زىيالىلارغا يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئىچىدىكى تەشەببۇس چىققان ئالىملەر سىرتقا
چاقىرىلمىسا، بۇ دۆلەتنىڭ «مىللەتلەر ھوقۇقتا بارابەر!» دېگەن سىياسىتىگە ۋە
شۇنداقلا جۇڭگو مىللەتچىلىك ئىدىيىسىنى ئالغا سۈرۈپ مىللەتلەر ئاراسىنى بۇزۇپ
دۆلەتكە زىيان سالغۇچى قەستەن كۆرەڭلىك كۆڭلىگە قارشى تۇرغۇچى دۆلەت
نىڭ مىللى سىياسىتىگە زىت ھەرىكەت ئەيلىگەن بولماسمۇ؟ بۇ سوئال فىكرىم
چە خەلقئارالىق سەھنىدە يامانلىق ئەسىر يارىتىدۇ! يالغۇز دۆلەتنىڭ ھازىر
دۇنيادا ئېگىلىگەن ئىنى زەرەت دە ھۆرمىتىنى زىيادە شىكىلدەن مەنت قىلىدۇ...
خالاسى. يانا مۇشۇنىمۇ ئەسكە ئېلىپ ئۆتۈشكە توغرى كېلىدۇكى ھازىر مۇشۇ خەلق
ئارالىق ئىلمى زىيالىي بولىدىغان شەندىيانا ئونىۋېرسىتېتىدا ئوتتۇرا تەقان 200
دىن ئارتۇق خ.خ.ن (جۇڭگو گولوق) ئوتتۇرىغا چىلەرنىڭ ئىچىدە مۇئەسسىسلىكى
بىر تالمۇ ئۇيغۇر ياكى ھە باشقا يەرلىك مىللەتتىن ئوتتۇرىغا مەن تاپالمىدىم.
دوست ئالدىدا دۈشمەن كەينىدە ھەققىنى ئەگەپ قىلىدۇ!.. مەن مۇتۇپ توغرى سىزلەرگە يازدىم

1469 Mark Dr. E. Meadow
New York, (USA) 11554



كۆرەپ تۇرۇپ دېمىسەك گۇناھ بولىدۇ، بىلىپ تۇرۇپ قىلمىسا گۇناسى سىلەردە قالىدۇ.
چەتئەللەر بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا كۆزلىگەن نىشان ۋە غايىگە يە-
-تىش ئۈچۈن بەزى بىر چوڭ داۋانلارنى ئاشۇرۇشقا ۋە پىداكارلىق قىلىش-
-قا توغرى كېلىدۇ. «بىر قول يەنە بىر قولنى يۇيىدۇ!» يالغۇز بىر قولدىن چاۋاك چىقمايدۇ ۋە
ئۇزۇن يىللاردىن بېرى چەتئەللەردە ياشىغۇچى بىر ئۇيغۇر بولۇشۇم سۈپىتى بىلەن
سۆزنى ئەپتالايمەنكى: مەدەنى ئالاقە ياكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا، ئىشنى
ئىلمى ساھادىكى مائارىپتىن باشلىغاندا، كەڭ قورساقلىق بولۇپ ھەممىنى تەڭ
كۆزدە تۇتۇپ ئىشنى ئۆز ئەھلىگە ئىشەنچ بىلەن تاپشۇرغاندا، كۆپ ئۇتۇقلارنى
قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ! ئاقش ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدە بولۇپمۇ خەلقئارالىق ئىلمى
سەھنىدە بارغانسېرى ئەھمىيىتى ئارتقان ئۆلكىمىز بىلەن ئۇنىڭ باي مىللى مە-
-دەنىيىتى ۋە سەنئىتى بويىچە ھەممىنى قىزىقتۇرغان ھالدا يېتەرلىك ماتېرىيال
يەنى ئۆلكىمىزنى چەتئەللەرگە تونۇتقۇچى كىتاب، ژۇرنال، فىلىم، يەرلىك مىللەت
تىلىنى ئۆگەتكۈچى كىتاب، لۇغەتلەر... بولمىغانلىقى ئۈچۈن بولسىمۇ دۆلەتكە سو-
-چىقمىغاندەك بويىچە شۇنداق ماتېرىياللارنى كىتابلارنى ئالدۇرۇش ئاسان بولما-
-غانلىقى سەۋەبلىك ھازىر ئۇيغۇر ۋە ئۆزبەك تىلىنى ئوقۇۋاتقان ئالى مەكتەپ
ئوقۇغۇچىلىرى مۈشكۈلدەك قىيىن بىر ئەھۋال ئىچىدە بۇ تىللارنى قاراڭغۇدا
ئۆگىنىش ئاپتورغاندەك گىرامماتىكا ۋە لۇغەت كىتابلىرى بولماسلىقى تۇرۇن-
قول يازما نۇسخىلاردىن ئوقۇپ ئۆگىنىۋاتىدۇ. بۇ ئەھۋاللارنى مۇتەخەسسىسلىك ئىلمى
ئورۇنلارغا بىلدۈرۈپ، خەۋەردار قىلىپ قويۇشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن.
ئۆلكىمىزنىڭ داۋولغۇنۇن ۋە ئىجتىمائى پەن ئىنستىتۇتلىرى بىلەن ئىلمى ساھادا!
ئالاقە باغلاشنى كىتاب ۋە مەلۇماتلار ئالماشتۇرۇشنى ئىستىگەن ئامېرىكا ئۇنىۋېر-
-سىتېتلىرى بار... ئەپسۇسكى بۇلار قەيەرگە خەت بىلەن خەت يېزىپ ئالاقە باغ-
-لاشنى ئېنىق بىلمەي تۇرۇپتۇ. بۇنداق جىددى مەسىلىلەرنى نەزەرگە
ئالغاندا يول-يورۇق كۆرسەتكۈچى مەلۇماتلار بېسىلغان بىر كىتابچىنىڭ ھەممە
چوڭ قىرائەتخانا ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلارغا ئەۋەتىلىشى پايدىلىق بولۇر ئىدى. خالىسانە
ياخشى تىلەك ۋە ھۆرمەت تىلەيمەن بىلەن يازغۇچى غولامىدىن ئەھمەت ھاجى پاختائوغلى